# 12295 - سوئال :« لائىلاھە ئىللەللاھ » نىڭ شەرتلىرى

## سوئال

**«لائىلاھە ئىللەللاھ(بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ) »** كەلىمىسىنىڭ بىلىش ، جەزىم قىلىش قاتارلىق شەرتلىرىنى شەرھىيلەپ بەرسەڭلار .

## تەپسىلى جاۋاب

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

پىشىۋا ھافىز ھەكەمي **«سۇللەمۇل ۋۇسۇل»** دىگەن بىيتىدە لائىلاھە ئىللەللاھنىڭ شەرتلىرىنى مۇنداق بايان قىلغان :

بىلىش ، جەزىم قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش ***** ھەمدە بويسۇنۇش ، شۇڭا قۇلاق سال گىپىمگە .

راستچىللىق ، ساپدىللىق ۋە سۆيۈش ***** نىسىپ قىلسۇن ئاللاھ سىنى ئۆزى ياخشى كۆرگەنگە .

بىرىنچى شەرت : بىلىش . ئۇنىڭ مەنىسى : شاھادەت كەلىمىسىدىكى ئىنكار قىلغاننى ئىنكار قىلىش ، مۇقەررەرلەشتۈرگەننى مۇقەررەرلەشتۈرۈش . ئۇنىڭ ئەكسى بولسا بىلمەسلىك . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : **« بىلگىنكى ، ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقى) ئىلاھ يوق . »** [ مۇھەممەد: 19 ] **« پەقەت ھەقىقەتكە( يەنى ، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقلۇقىغا) گۇۋاھلىق بەرگەن ، ھەمدە ئۇنى بىلگەنلەر( يەنى ،تىلى بىلەن سۆزلىگەن نەرسىنىڭ مەنىسىنى دىلى بىلەن بىلگەنلەر ) بۇنىڭدىن مۇستەسنا . »**

سەھىيھتە ئۇسماندىن(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نەقىل قىلىندىكى ،ئاللاھ ئەلچىسى(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىقى ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : **« كىمكى بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقى ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەن ھالدا ئۆلسە جەننەتكە كىرىدۇ . »**

ئىككىنچى شەرت : جەزىم قىلىش . يەنى ، بۇ كەلىمىنى سۆزلىگۈچى ئۇنىڭ مەنىسىنى قەتئىي جەزىملەشتۈرگەن بولۇش . چۈنكى ، ئىمان (ئىشىنىش) گۇمانى بىلىش بىلەن ئەمەس ، بەلكى جەزمەن بىلىش بىلەن يىتەرلىك بولىدۇ ، شۇڭا ئۇنىڭغا شەك ئارلىشىپ قالسا قانداق بولىدۇ . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : **« ھەقىقەتەن ، مۇئمىنلەر بولسا ئاللاھ ھەققىدە ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ھەققىدە ئىشەنگەن ، ئاندىن ئۇنىڭدىن شەكلەنمىگەن ، مال-مۈلكى ۋە جىنى بىلەن ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلغانلار بولۇپ ، ئەنە شۇلار راستچىل كىشىلەر . »** بۇنىڭدا يەنى ، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ھەققىدە ئىشىنىشىنىڭ راستلىقىغا شەكلەنمەسلىكنى شەرت قىلدى . شەكلەنگۈچى بولسا مۇناپىقلارنىڭ بىرى . سەھىيھتە ئەبۇ ھۇرەيرىدىن نەقىل قىلىندىكى ، ئاللاھ ئەلچىسى(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىقى ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : **« ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقى) ئىلاھ يوق ، مىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەر . بىر بەندە بۇ ئىككى سۆزگە شەكلەنمەستىن ئاللاھقا ئۇچراشسا ، پەقەت**

**جەننەتكە كىرىدۇ .** « يەنە بۇھەقتە ، ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ بىر ئۇزۇن ھەدىيسىدە ، پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئۇنى كەشى بىلەن ئەۋەتىپ مۇنداق دىگەن : **« بۇ تامنىڭ كەينىدىن ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ قەلبىدە جەزىم قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بىرىدىغان كىشىنى ئۇچراتساڭ ، ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بەرگىن .** » بۇ كەلىمىنى سۆزلىگۈچىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە قەلبى ئۇنىڭغا جەزىم قىلغان ، شەك قىلمىغان بولۇشنى شەرت قىلدى . ئەگەر شەرت تېپىلمىسا ، نىشان تېپىلمايدۇ .

ئۈچۈنچى شەرت : بۇ كەلىمىنىڭ مەقسىتىنى قەلبى ۋە تىلى بىلەن قوبۇل قىلىش . ئاللاھ بىزگە بۇ سۆزنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ قۇتقۇزۇلغانلىقىنى ، ئۇنى رەت قىلغانلارنىڭ جازالانغانلىقىدىن ئىبارەت بۇرۇنقى ۋەقەلىكلەرنى سۆزلەپ بەردى . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : « (اللة صةرعشتعلعرعضة ظئيتعدذ) زىلذم قعلغذحعلارنع، ظذلارنعث (مذشرعكلعكتعكع، كذفرعدعكع) قاياشلعرعنع ۋة ظذلارنعث اللةنع قويذص حوقذنغان بذتلعرعنع (مةھشةرضاھقا) توصلاثلار، ظاندعن ظذلارنع دوزاخنعث يولعغا باشلاثلار[22-23] . ظذلارنع توختعتعص تذرذثلار، حنكع ظذلار (جعمع سأزلعرع ۋة ظعشلعرعدعن) سذظال-سوراق قعلعنعذ[24] . (ظاندعن) ظذلارغا: **«نئمعشقا (دذنيادعكع ھالعتعثلارغا ظوخشاش) بعر-بعرعثلارغا ياردةم قعلمايسعلةر؟»** (دئيعلعذ)[25] . بةلكع ظذلار بىضن بويسذنغذحعلاردذر[26] . ظذلار بعر- بعرعضة قاراص مذنازعرعلعشعذ[27] .

ظةضةشكىحعلةر ظةضةشترضحعلةرضة: **«سعلةر (سأزنثلارنعث راستلعقعغا) قةسةم ظعحعص بعزنع ظعماندعن توسذيتتذثلار»** دةيدذ[28] . (ظةضةشترضحعلةر ظةضةشكىحعلةرضة) ظئيتعدذ: **«سعلةر (ظأز ظعختعيارعثلار بعلةن) مأمعن بولمعدعثلار[29] . بعزنعث سعلةرنع (بعزضة ظةضعشعشكة) زورلايدعغان كىحعمعز يوق ظعدع، بةلكع سعلةر (بعزضة ظوخشاش) ظازغان قةۋم ظعدعثلار[30] .**

**صةرۋةردعضارعمعزنعث بعزنع (جازالاش) سأزع بعزضة تئضعشلعك بولدع. بعز هةقعقةتةن ( شذ سأز بويعحة ظازابنع) حوقذم تئتعغذحعمعز[31] . سعلةرنع بعز ظازدذرددذق، حنكع بعز هةقعقةتةن ظازغان ظعدذق»**[32] . ظذلار (يةنع ظةضةشترضحعلةر بعلةن ظةضةشكىحعلةر) بذ كىندة (يةنع قعيامةت كىنعدة) ظازابتا ظورتاقتذر[33] . بعز هةقعقةتةن ضذناھكارلارغا مذشذنداق قعلعمعز، (يةنع ظةضةشترضحعلةر بعلةن ظةضةشكىحعلةرنعث هةممعسعضة ظازاب قعلعمعز)[34] . ظذلار هةقعقةتةن مذشذنداق ظعدعكع، ظذلارغا: **«بعر اللةدعن باشقا هئح ظعلاھ يوق»** (دةثلار) دئيعلسة، (كةلعمة تةۋھعدتعن) تةكةببذرلذق قعلعص باش تارتاتتع[35] . ظذلار: **«ظعلاھلعرعمعزنع هةقعقةتةن بعر مةجنذن شاظعر ظىحىن (يةنع ظذنعث سأزع ظىحىن) تاشلعۋئتةمدذق؟»** دةيتتع .» ئاللاھ ئۇلارنىڭ بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دىگەن سۆزنى دىيىشتىن باش تارتقانلىقى ، ۋە ئۇنى ئىلىپ كەلگۈچىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى جازالاش سەۋەبى قىلدى . چۈنكى ئۇلار بۇ سۆزدە ئىنكار قىلىنغاننى ئىنكار قىلمىدى ، مۇقەررەرلەشتۈرگەننى مۇقەررەرلەشتۈرمىدى . بەلكى ئىنكار قىلىش ۋە تەكەببۇرلۇق بىلەن : « ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلىۋالدىمۇ ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش . ئۇلارنىڭ كاتتىلىرى قوزغىلىپ چىقىپ ئېيتتى : **« مېڭىڭلار ، مەبۇدلىرىڭلارغا ئىبادەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇڭلار . بۇ ھەقىقەتەن بىزدىن ئىرادە قىلىنىدىغان ئىش . بىز بۇنى باشقا بىر دىندا ئاڭلىمىدۇق ، بۇ پەقەت بىر ئويدۇرما »**

دەپ ئۇلۇغ ئاللاھنى يالغانچى قىلدى . ئاللاھ ئۇلارغا پەيغەمبىرىنىڭ(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) تىلى بىلەن رەددىيە بېرىپ : **« بەلكى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى . (بۇرۇنقى) ئەلچىلەرنى تەستىقلىدى ..** » دىدى . ئاندىن ئۇنى قوبۇل قىلغانلار ھەققىدە : **« صةقةت اللةنعث سادعق بةندعلعرعلا جازاغا تارتعلمايدذ[40] . ظذلار مةلذم رعزعقتعن (يةنع ترلىك مئؤعلةردعن) بةھرعمةن بولعدذ، ظذلار ھرمةتلعنعدذ[41-42] . ظذلار نازذنئمةتلعك باغلاردا، تةختلةر ظستعدة بعر-بعرعضة قارعشعص ظولتذرعدذ .»**

سەھىيھتە ئەبۇ مۇسادىن نەقىل قىلىندىكى ، پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن :**« ئاللاھ مەن بىلەن ئەۋەتكەن توغرا يول ۋە بىلىم زىمىنغا چۈشىدىغان مول يامغۇرغا ئوخشايدۇ . بەزى يەرلەر سۇنى سۈمۈرۈپ ئۇرغۇن ئوتىياش ۋە كۆكتاتلارنى چىقىرىدۇ . يەنە بەزى يەرلەر سىلىق تۈزلەڭلىككە ئوخشاش سۇنى تۇتۇپ تۇرالمايدۇ ھەمدە ئوتىياش ئۈنمەيدۇ . بۇ بولسا ئاللاھنىڭ دىنىنى چۈشەنگەن ۋە ئاللاھ مەن بىلەن ئەۋەتكەن نەرسىدىن پايدىلانغان كىشىنىڭ مىسالى بولۇپ ،شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆگىنىدۇ ۋە ئۆگىتىدۇ . ھەمدە ئاللاھ مەن بىلەن ئەۋەتكەن توغرا يولنى قوبۇل قىلمىغان ۋە دىققەت-ئېتىبارنى بەرمىگەن كىشىنىڭ مىسالى . »**

تۆتىنچى شەرت : بويسۇنۇش ، يەنى كۆرسىتىلگەن نەرسىگە ئەگىشىش . ئۇنىڭ ئەكسى بولسا ئەگەشمەسلىك . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : **« كىمكى بەلەن قىلغۇچى بولغان ھالدا ئاللاھقا يۈزىنى(ئۆزىنى) تاپشۇرىدىكەن ، مۇستەھكەم تۇتقىغا( يەنى ، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دىگەن كەلىمىگە ) ئېسىلغان بولىدۇ . ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپ . »** ئاللاھقا يۈزىنى تاپشۇرۇش دىگىنىڭ مەنىسى : بويسۇنۇش ، ئەگىشىش . ھەمدە بەلەن قىلغۇچى بولسا ئاللاھنى بىر دەپ ئىشەنگۈچى . كىمكى يۈزىنى ئاللاھقا تاپشۇرمىسا ، بەلەن قىلغۇچى بولمىسا ، ئۇنداقتا ئۇ مۇستەھكەم تۇتقىغا ئېسىلمىغان بولىدۇ . ھەمدە ئۇ ئاللاھنىڭ ئۇ ئايەتتىن كېيىنكى مۇنۇ سۆزىنىڭ مەنىسى : **« كىمكى كاپىر بولىدىكەن ، ئۇنىڭ كاپىرلىقى سىنى قايغۇغا سالمىسۇن . ئۇلارنىڭ قايتار جايى بىزنىڭ ھوزۇرىمىز بولۇپ ، ئۇلارغا قىلغانلىرىنى دەپ بېرىمىز . »** سەھىيھ ھەدىيستە پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : **« سىلەرنىڭ بىرىڭلار تاكى ئۇنىڭ كۆڭلى خاھىشى مەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە ئەگەشمىگۈچە مۇئمىن بولالمايدۇ . »** مانا بۇ ئەگىشىش ، بويسۇنۇشنىڭ خۇلاسە مەنىسى .

بەشىنچى شەرت : راستچىل بولۇش . ئۇنىڭ ئەكسى بولسا يالغانچىلىق . بۇنىڭ مەنىسى : بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق كەلىمىسىنى راستچىللىق بىلەن يۈرىكىدىن سۆزلەش ، ھەمدە ئۇنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىر بولۇش . ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دىگەن : « ظعنسانلار **« ظعمان ظئيتتذق »** دةص قويذش بعلةنلا سعنالماي تةرك ظئتعلعمعز،دةص ظويلامدذ؟{2}.ظذلاردعن بذرذن ظأتكةنلةرنع بعز ھةقعقةتةن سعنعدذق،اللّٰه )ظعمانعدا)راستحعللارنع حوقذم بعلعدذ,(ظعمانعدا) يالغانحعلارنعمذ حوقذم بعلعدذ .»

ھەمدە ئۇنى يالغاندىن ئىبيتقان مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مۇنداق دىگەن : **« كعشعلةر ظارعسعدا اللّٰه غا**

**ۋة ظاخعرةت كنعضة ظعشةندذق دئضحعلةر بار،هةقعقةتتة ظذلار ظعشةنمةيدذ(يةنع ظاغزعدا ظعشةندذق دئضعنع بعلةن،كأثلعدة ظعشةنمةيدذ)(8).ظذلار اللّٰه نع ۋة مأمعنلةرنع ظالدعماقحع بولعدذ،هةقعقةتتة ظذلار تذيماستعن ظأزلعرعنعلا ظالدايدذ(9).ظذلارنعث دعللعرعدا كئسةل(يةنع مذناصعقلعق ۋة شةكلعنعش)بار،اللّٰه ظذلار نعث كئسعلعنع كىحةيتعۋةتتع؛يالغان سأزلعضةنلعكلعرع(يةنع يالغاندعن ظعمانئع دةۋا قعلغانلعقلعرع ۋة اللّٰه نعث ظايةتلعرعنع مةسخعرة قعلغانلعقلعرع)ظحىن ظذلار قاتتعق ظازابقا دذحار بولعدذ .»**

ئىككى سەھىيتە مۇئاز بىن جەبەلدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىيستە پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرپىلشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : **« قانداق بىر ئادەم بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ، مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ راستچىللىق بىلەن يۈرىكىدىن گۇۋاھلىق بەرسە ، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا هارام قىلىدۇ . »**

ئالتىنچى : ساپدىللىق بولۇش . يەنى ، ئىش-ئەمەلنى شىرىكنىڭ بارلىق تۈرلىرىدىن ساپلاشتۇرۇش . ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دىگەن : **« جەزمەنكى ساپ دىن پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا بولىدۇ .»** ،**« دىگىنكى،دىنىمنى ساپ قىلغان هالدا ئاللاهقا ئىبادەت قىلىمەن.»** سەھىيھتە ئەبۇ ھۇرەيرىدىن نەقىل قىلىندىكى ، پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرپىلشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : **« كىشىلەرنىڭ ئىچىدە شاپائىتىم بىلەن ئەڭ بەختلىك بولىدىغىنى - ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دىگەن كەلىمىنى يۈرىكىدىن ياكى كۆڭلىدىن سەممىيلىك بىلەن دىگەن كىشى . »** . . .

يەتتىنچى : بۇ سۆزنى ، ۋە ئۇ مەقسەت قىلغان ۋە كۆرسەتكەن نەرسىنى سۆيۈش . ھەمدە بۇ سۆزنىڭ شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرىدىغان ۋە ئۇنى ئەمەللەشتۈرىدىغان ئەھلىنى سۆيۈش . ۋە شۇنىڭدەك بۇ سۆزگە قارشى ئادەم ياكى نەرسىدىن نەپرەتلىنىش .

ئاللاھ مۇنداق دىگەن : **« بەزى كىشىلەر ئاللاھتىن غەيرىلەرنى ئاللاهقا شىرىك قىلىۋالىدۇ ، ئۇلار ئۇلارنى خۇددى ئاللاھنى سۆيگەندەك سۆيىدۇ . بىراق مۇئمىنلەر ئاللاھنى بەكراق سۆيىدۇ . »** ئاللاھ دەيدۇكى ، مۇئمىنلەر ئاللاھنى بەكراق سۆيىدۇ . چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىگە ھېچكىمنى شىرىك قىلمايدۇ . هالبۇكى ، ئاللاهقا باشقا نەرسىلەرنى شىرىك قىلىدىغان مۇشرىكلاردىن ئاللاھنى سۆيىمىز دەپ دەۋا قىلغۇچىلار ئۇلارنى(شىرىك قىلغان نەرسىلىرىنى) ئاللاھنى سۆيگەندەك سۆيىدۇ . ئىككى سەھىيھتە ئەنەستىن نەقىل قىلىندىكى ، ئاللاھ ئەلچىسى(ئاللاھنىڭ تەرپىلشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : **« سىلەرنىڭ بىرىڭلار تاكى مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ بالىسىدىن ، ئاتىسىدىن ھەمدە بارلىق كىشىلەردىن سۆيۈملۈك بولمىغىچە مۇئمىن بولمايدۇ . »**

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ . ھەمدە ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدنى تەرپىلسۇن .